دۇنياۋى مەشھۇر ئەسەر

# دورىيان گرېينىڭ پاجىئەسى

ئوسكار ۋىلد (ئەنگلىيە)



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ئوسكار ۋىلد (ئەنگلىيە)

# دورىيان گرېينىڭ پاجىئەسى

تەرجىمە قىلغۇچى : ھەزرىتى ئەلى بارات



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

道连·格雷的画像：维吾尔文/(英)王尔德(Wilde,O.)著；艾孜热提艾力·巴拉提译. — 乌鲁木齐：新疆人民出版社，2009.8

ISBN 978-7-228-12800-6

Ⅰ.道… Ⅱ.①王… ②艾… Ⅲ. 长篇小说 — 英国 — 近代 — 维吾尔语（中国少数民族语言） Ⅳ.I561.44

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2009)第147839号

---

**责任编辑** 伊丽达娜·阿不都热依木
**责任校对** 再米拉·衰达依，赛娜瓦尔·伊不拉音
**特约校对** 阿依古丽·牙森
**封面设计** 买买提·诺比提
**出版发行** 新疆人民出版社
**电　　话** 0991-2827472
**地　　址** 乌鲁木齐市解放南路348号
**邮　　编** 830001
**印　　刷** 新疆金版印务有限公司
**经　　销** 新疆维吾尔自治区新华书店
**开　　本** 880×1230毫米 32开本
**印　　张** 11.375
**版　　次** 2009年8月第1版
**印　　次** 2009年8月第1次印刷
**印　　数** 1 — 3000
**定　　价** 28.00 元

بۇ كىتاب چاڭجياڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت نەشرىياتىنىڭ 2007 ـ يىلى 8 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 2007 ـ يىلى 8 ـ ئاي 1 ـ باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

本书根据长江文艺出版社2007年8月第1版，2007年8月第1次印刷本翻译出版。

# دورىيان گرېينىڭ پاجىئەسى

**ئاپتورى:** ئوسكار ۋىلد (ئەنگلىيە)
**تەرجىمە قىلغۇچى:** ھەزرىتى ئەلى بارات
**مەسئۇل مۇھەررىرى:** ئىلدانە ئابدۇرېھىم
**مەسئۇل كوررېكتورى:** زەمىرە پىدائىي، سەنەۋەر ئىبراھىم
**تەكلىپلىك كوررېكتورى:** ئايگۈل ياسىن
**مۇقاۋىسىنى لايىھىلىگۈچى:** مەمەت نەۋبەت
**نەشر قىلىپ تارقاتقۇچى:** شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى
**تېلېفون:** 0991-2827472
**ئادرېسى:** ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 ـ نومۇر
**پوچتا نومۇرى:** 830001
**باسقۇچى:** شىنجاڭ جىنبەن مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتى
**ساتقۇچى:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
**فورماتى:** 1230 × 880 مىللىمېتىر 1/32
**باسما تاۋىقى:** 11.375
**نەشرى:** 2009 ـ يىلى 8 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
**باسمىسى:** 2009 ـ يىلى 8 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
**تىراژى:** 1 — 3000
**كىتاب نومۇرى:** ISBN 978 - 7 - 228 - 12800 - 6
**باھاسى:** 28.00 يۈەن

# مۇندەرىجە

بىرىنچى باب ............................................ 1
ئىككىنچى باب ............................................ 22
ئۈچىنچى باب ............................................ 49
تۆتىنچى باب ............................................ 69
بەشىنچى باب ............................................ 94
ئالتىنچى باب ............................................ 115
يەتتىنچى باب ............................................ 129
سەككىزىنچى باب ............................................ 151
توققۇزىنچى باب ............................................ 174
ئونىنچى باب ............................................ 192
ئون بىرىنچى باب ............................................ 208
ئون ئىككىنچى باب ............................................ 228
ئون ئۈچىنچى باب ............................................ 240
ئون تۆتىنچى باب ............................................ 253
ئون بەشىنچى باب ............................................ 274
ئون ئالتىنچى باب ............................................ 289
ئون يەتتىنچى باب ............................................ 307
ئون سەككىزىنچى باب ............................................ 319
ئون توققۇزىنچى باب ............................................ 334
يىگىرمىنچى باب ............................................ 350

此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com

# بىرىنچى باب

رەسىم سىزىش ئۆيىنى ئەتىرگۈلنىڭ ھىدى بىر ئالغان، سەلكىن شامال ھويلىدىكى يېشىل دەرەخلەرنى سىيپاپ ئۆتۈپ، سۆسۈن سېرىنگۈلنىڭ خۇش ھىدىنى ئوچۇق ئىشىكتىن ئۆيگە دەممۇدەم ئۇرۇپ تۇراتتى.

لورد ھېنرى ۋاتتون پارس خۇرۇمىدا قاپلانغان ئۇزۇن ساپادا ئادىتى بويىچە تاماكىنى ئۇلاپ – ئۇلاپ چېكىپ ئولتۇراتتى، ساپا قويۇلغان بۇلۇڭدىن سىرتقا نەزەر تاشلىغاندا، ھۆپپىدە ئېچىلغان ئالتۇن رەڭ گۇللەر كۆزگە تاشلىناتتى. گۇل شاخلىرى گويا يالقۇن كەبى ئېچىلغان ناز گۇللەردىن مەست بولغاندەك يېنىك تەۋرىنەتتى. ئۆينىڭ يوغان دېرىزىسىگە يىپەك پەردە تارتىلغان، سىرتتا ئۇچۇپ يۈرگەن قۇشلارنىڭ سايىسى پەردىگە چۈشۈپ، كىشىگە ياپونىيە رەسساملىرىنىڭ مەنزىرىنى كۆرگەندەك تۇيغۇ بېرەتتى. بۇ مەنزىرە ئۇنىڭغا چېھرى قەغەزدەك ئاق توكيولۇق رەسساملارنى ئەسلىتەتتى. ئۇلار مۇشۇنداق تۇرغۇن ھالەتتىكى سەنئەت ئۇسلۇبى ئارقىلىق تولىمۇ نازۇك ھېسسىياتنى ئىپادىلەيتتى. ھەسەل ھەرىلىرى گاھ قىرقىلمىغىنىغا ئۇزاق بولغان چىملىق ئۈستىدە قانات قېقىپ ئۇچسا، گاھ ياپراقلىرىنى توپا باسقان، سوغۇققا چىداملىق ئالتۇن رەڭ باراقسان گۇللەرنى ئەگىپ غوڭۇلدايتتى. ھەسەل ھەرىلىرىنىڭ غوڭۇلدىغان ئاۋازى گويا شۇ تاپتىكى تىمتاسلىقنى بېسىپ چۈشكەندەك قىلاتتى. لوندون شەھىرىدىن ئاڭلىنىۋاتقان بوش شاۋقۇن گويا يىراقتىن ئاڭلىنىۋاتقان يېنىك گارمون كۈيىنى ئەسلىتەتتى.

ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر رەسىم سىزىش جازىسى، جازىغا

تولىمۇ جەلپكار بىر يىگىتنىڭ ئۇستىلىق بىلەن سىزىلغان رەسىمى قىستۇرۇلغانىدى. رەسىمنىڭ ئالدىدا ئۇنىڭ ئىجادچىسى بولغان رەسسام بازىل خالۋارد ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ بىرنەچچە يىل ئىلگىرى تۇيۇقسىز يوقاپ كېتىشى خېلى چوڭ غۇلغۇلا قوزغاپ، غەلىتە قىياسلارنى پەيدا قىلغانىدى.

بازىل ئادەتتىن تاشقىرى ماھارىتىنى ئىشقا سېلىپ ياراتقان بۇ ئوبرازغا قاراپ ئولتۇرۇپ، مەمنۇنىيەت بىلەن كۈلۈمسىرىدى، بۇ كۈلۈمسىرەش ئۇنىڭ چېھرىدىن ھېچ ئۆچمىدىغاندەك قىلمايتتى. ئۇ ئورنىدىن لىككىدە تۇرۇپ كۆزلىرىنى يۇمدى، گويا غەلىتە بىر چۈشنى كاللىسىغا بەند قىلىۋېلىپ، شۇ چۈشىدىن ئويغىنىپ كېتىشنى خالىمىغاندەك، قوللىرى بىلەن يۈزىنى توسۇۋالدى.

— بۇ رەسىملىرىڭىزنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ ئېسىلى بوپتۇ، بازىل، — دېدى لورد ھېنرى ئېرىنچەكلىك بىلەن، — ئۇنى كېلەر يىلى گروسۋېنور رەسىم كۆرگەزمىسىگە چوقۇم ئاپىرىڭ. خان جەمەتى گۈزەل سەنئەت ئىنستىتۇتى زىيادە چوڭ بولغىنى بىلەن بەك چاكىنا. قاچانلا بارسام، بىر بولسا ئادەمنىڭ كۆپلۈكىدىن رەسىملەرنى ئېنىق كۆرەلمەي خۇيۇم تۇتىدۇ؛ بىر بولسا رەسىمنىڭ كۆپلۈكىدىن ئادەملەرنى كۆرەلمەي ئىچىم سىقىلىدۇ. گروسۋېنور رەسىملىرىڭىزنى كۆرگەزمە قىلىشىڭىزغا ئەڭ مۇۋاپىق كېلىدۇ.

— ئۇنى ھېچ يەردە كۆرگەزمە قىلغۇم يوق، — دېدى رەسسام بېشىنى كەينىگە ئېتىپ قويۇپ. ئۇنىڭ بۇ غەلىتە ھەرىكىتىنى ئىلگىرى ئوكسفوردتىكى دوستلىرى ھەدېسىلا مازاق قىلاتتى، — ياق، ئۇنى ھېچنەگە ئاپارمايمەن.

لورد ھېنرى قاشلىرىنى ئېتىپ قويۇپ، ئاغزىدىن چىقىۋاتقان كۆكۈچ تاماكا ئىسى ئارىسىدىن رەسسامغا ھەيران بولۇپ قارىدى، ئەپيۇن ئارىلاشتۇرۇلغان ئاچچىق تاماكىدىن چىقىۋاتقان ئىسلار غەلىتە چەمبەرلەرنى ھاسىل قىلىپ يۇقىرىغا ئۆرلىمەكتە ئىدى.

— ھېچ يەرگە ئاپارمامسىز؟ نېمىشقا ئەمدى؟ — دېدى لورد ھېنرى، — سىلەر رەسساملارزە، بەك غەلىتە جۇمۇ. نامىڭىزنى چىقىرىش ئۈچۈن كۆرسەتمىگەن تىرىشچانلىقىڭىز قالمىغاندى، ئەمدىلىكتە نامىڭىز چىقىۋىدى، ئۇنىڭدىن ۋاز كەچمەكچى بولۇۋاتىسىز. بەك ئەخمەق ئىكەنسىز، دۇنيادا باشقىلارنىڭ مۇنازىرە قىلىشىدىنمۇ يامان بىر ئىش بار، ئۇ بولسىمۇ باشقىلار تەرىپىدىن مۇنازىرە قىلىنماسلىق. بۇ رەسىم ئارقىلىق ئەنگلىيىلىك ياشلار ئارىسىدا ئابرۇيىڭىز كۆتۈرۈلەتتى، ئۇلار سىزگە ھەسەت قىلاتتى ئەمەسمۇ؟

— مېنى مۇشۇنداق مەسخىرە قىلىدىغانلىقىڭىزنى بىلەتتىم، — دېدى رەسسام، — بۇ رەسىمنى كۆرگەزمىگە قويسام بولمايدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭغا ئۆزلۈكۈمنى بەك كۆپ سىڭدۈرۈۋەتتىم.

سايادا ياتقان لورد ھېنرى بىر كېرىلىۋېتىپ، قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى.

— دېمىدىممۇ مانا، مەسخىرە قىلىدىغىنىڭىزنى بىلەتتىم. لېكىن، نېمىلا دېيلى، بۇ دېگەن بىر پاكىت، — دېدى رەسسام.

— ناھايىتى كۆپ ئۆزلۈكۈمنى سىڭدۈرۈۋەتتىم دەڭ، بازىل! بۇنچە مەمەدان ئىكەنلىكىڭىزنى ئويلىماپتىكەنمەن. چىرايىڭىزغا قارىسام، تولىمۇ قوپال، تۇرگۇن كۆرۈنىسىز، تېرىڭىزمۇ كۆمۈردەك قارا. لېكىن، بۇ رەسىمىڭىز پىل چىشى بىلەن ئەتىرگۈل بەرگىدىن ياسالغاندەك تولىمۇ نەپىس كۆرۈنىدۇ، بۇ رەسىمدىكى ئادونىس بىلەن ئاراڭلاردا ھېچقانداق ئوخشاشلىقنى تاپالمىدىم. ھەي، قەدىرلىك بازىل، رەسىمدىكىسى تولىمۇ قاملاشقان يىگىت ئىكەن، سىزنىڭ چېھرىڭىزدىن بولسا بىر خىل ئەقىل - ئىدراك بالقىپ تۇرۇپتۇ. ئەمما، گۈزەللىك، ھەقىقىي گۈزەللىكلا ئىدراكىي چىراي ئىپادىسى باشلانغان جايدا ئاخىرلىشىدۇ. ئىدراك ئەسلىدىنلا بىر مۇبالىغە، ئۇ چىرايىنىڭ يېقىملىقلىقىنى بۇزىدۇ. كىشى جىم ئولتۇرۇپ تەپەككۇر

قىلغاندا، بۇرنى، پېشانىسى ياكى مەلۇم بىر خىل قورقۇنچلۇق نەرسىسىدىن باشقا نەرسىنى كۆرگىلى بولمايدۇ. ئىلىمدە توشقان، كەسپىتە ئۇتۇق قازانغان ئەربابلارغا قاراپ بېقىڭا، ئۇلارنىڭ چىرايىنىڭ تايىنى يوق! ئەلۋەتتە، چېركاۋلاردىكى مۇقەددەس خىزمەتكارلار بۇنىڭ سىرتىدا. بۇ ئۇلارنىڭ كاللىسىنى ئىشلەتمىگىنىدىن بولغان. سەكسەن ياشلىق پوپ تېخىچە ئون سەككىز ياش ۋاقتىدا ئۆگىنىۋالغان گەپلەرنى قىلىپ يۈرسە، تەبىئىيكى كىشىگە باشقىچە سۆيۈملۈك كۆرۈنىدۇ. رەسىمدىكى ئاۋۇ دوستىڭىزنىڭ ئىسمى نېمە ئىدى، بازىل؟ شۇ تاپتا مەن بۇ رەسىمگە باغلىنىپلا قالدىم. يۈزدەيۈز جەزم قىلالايمەنكى، ئۇ كاللىسىنى ئىشلەتمەيدىغان داڭلىق ئەرباب. قىشتا تاماشا قىلغۇدەك گۈل قالمىغاندا، بۇ رەسىم مۇشۇ يەردە تۇرۇشى كېرەك؛ يازدا كۆڭلىمىزنى ئاچقۇدەك نەرسە بولمىغاندا، بۇ رەسىم يەنە مۇشۇ يەردە بولۇشى كېرەك. ئۇنچىۋالا مەنمەنچىلىك قىلىپ كەتمەڭ، بازىل. سىز ئۇنىڭغا زادىلا ئوخشىمايسىز.

— مېنى چۈشەنمەيدىكەنسىز، ھاررى، — دېدى رەسسام، — مەن ئەلۋەتتە ئۇنىڭغا ئوخشىمايمەن، بۇنىسى ماڭا ناھايىتى ئېنىق. ئەگەر ئۇنىڭغا ئوخشاپ قالسام، تولىمۇ ئەپسۇسلۇق ئىش بولغان بولاتتى. نېمىشقا مۈرىڭىزنى قىسىسىز؟ دېگەنلىرىمنىڭ ھەممىسى راست. تەقى - تۇرقى قاملاشقان، ئىلىمدە توشقان كىشىلەرنىڭ تەقدىرى كاج بولىدىكەن. پېشانىگە پۈتۈلگەن بالا - قازالار ئادەمگە سالجىدەك چاپلىشىپ ئارام بەرمەيدىكەن. شۇڭا دەيمەن، ئەڭ ياخشىسى يەنىلا باشقىلاردىن پەرقلىنىپ تۇرغان تۈزۈك. بەتبەشىرە كىشىلەر بىلەن ھاماقەتلەر بۇ دۇنيادىكى ئەڭ بەختلىك كىشىلەردۇر. ئۇلار ھېچنېمىدىن غېمى يوق كېرىلىپ ئولتۇرۇپ ئويۇن كۆرىدۇ. مۇۋەپپەقىيەتنىڭ نېمىلىكىنى چۈشەنمىسىمۇ، ھېچبولمىغاندا مەغلۇبىيەتنىڭ ئازابىنى تېتىپ باقمىغان. ئۇلاردەك خاتىرجەم، غەم - ئەندىشىسىز ياشاش بىزگىمۇ يارىشاتتى. ئۇلار باشقىلارغا زىيان يەتكۈزمەيدۇ ھەم

باشقىلارنىڭ زىيانكەشلىكىگىمۇ ئۇچرىمايدۇ. ھاررى، سىزنىڭ مەرتىۋە ۋە بايلىقىڭىز، مېنىڭ ئەقىل - پاراسىتىم، دورىيان گرېينىڭ قاملاشقان چىرايى قوشۇلسا، گەرچە سەنئەت دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلمىسىمۇ، ئۇنىڭ قىممىتىنىڭ قانچىلىك بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ھەممىمىز مۇقەددەس روھنىڭ بىزگە ئاتا قىلغانلىرى ئۈچۈن بەدەل تۆلەيمىز، قورقۇنچلۇق بەدەل تۆلەيمىز.

— دورىيان گرېي؟ ئۇنىڭ ئىسمى دورىيان گرېيمۇ؟ — لورد ھېنرى بۇنى سورىغاچ، رەسسام سىزىش ئۆيىدىن ئۇدۇل بازىل خالۋاردقا قاراپ ماڭدى.

— شۇنداق، ئۇنىڭ ئىسمى دورىيان گرېي. ئەسلىدە بۇنى سىزگە دېمەي دېگەنىدىم.

— نېمىشقا ئەمدى؟

— ھەي، نېمە دېسەم بولار؟ بىر ئادەمنى زىيادە ياخشى كۆرۈپ قالسام، ئىسمىنى باشقىلارغا تىنمايدىغان خۇيۇم بار. تىنىپلا قويسام، ئۇنىڭغا ساتقۇنلۇق قىلغاندەك تۇيغۇدا بولۇپ قالىدىكەنمەن. مەن ھازىر سىرلىق تۇيغۇلارغا قىزىقىپ قالدىم، بۇنداق بولغاندا تۇرمۇشنىڭ چىنلىقى تېخىمۇ سىرلىق، گۈزەل تۇيۇلىدىكەن. بىر يەرگە بارماقچى بولسام، نەگە بارىدىغىنىمنى ئۆيدىكىلەرگە دېمەيمەن، دەۋەتسەم مەززىسى قالمايدۇ. بۇنىڭ ئەخمىقانىلىك ئىكەنلىكى ئۆزۈمگىمۇ ئايان. لېكىن، بۇ مىجەزىم تۇرمۇشۇمغا رومانتىكا ئاتا قىلىدۇ. شۇ تاپتا سىز مېنى ئۈچىغا چىققان ھاماقەت نېمە ئىكەن دەپ ئويلاپ قېلىۋاتىسىزغۇ دەيمەن؟

— ئۇنداق ئەمەس، — دېدى لورد ھېنرى، — ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، قەدىرلىك بازىل. توي قىلىپ بولغانلىقىم ئېسىڭىزدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتكەن ئوخشايدۇ. نىكاھنىڭ ئەڭ چوڭ سېھرىي كۈچى دەل ھىيلە - مىكىر بىلەن تولغان تۇرمۇشنىڭ ئەر-خوتۇن ئىككى تەرەپ ئۈچۈن مۇتلەق زۆرۈرىيەت ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇرۇشتا. مەن ئەزەلدىن خوتۇنۇمنىڭ نەدە، نېمە ئىش

قىلىۋاتقانلىقىنى بىلمەيمەن، ئۇمۇ مېنىڭ نېمە قىلىۋاتقانلىقىمنى بىلمەيدۇ. كۆرۈشكەن چېغىمىزدا (ئاندا ـ ساندا كۆرۈشۈپ قويىمىز)، سىرتقا چىقىپ تاماق يەيمىز ياكى بىرەر كىنەزنىڭ ئۆيىگە بارىمىز، ھەر ئىككىمىز ئىمكانقەدەر ئەستايىدىل قىياپەتتە، قارشى تەرەپكە ئەڭ بىمەنە ھېكايىلەرنى سۆزلەپ بېرىمىز. خوتونۇم گەپدانلىقتا مېنى بېسىپ چۈشىدۇ. ئۇ يالغان سۆزلىگەندە، كۈن ـ سائەتلەرگىچە ھەرگىز ئازمايدۇ، لېكىن مەن دائىم چاندۇرۇپ قويىمەن. ئۇ مېنىڭ يالغان سۆزلەۋاتقىنىمنى بىلىپ تۇرسىمۇ چاندۇرمايدۇ. گاھىدا ئۇنى جېدەل تېرىسكەن دەپ تىلەپ كېتىمەن، لېكىن ئۇ مېنى مەسخىرە قىلىپ قويۇيلا بولدى قىلىدۇ.

— نىكاھ ھەققىدىكى بۇ بايانلىرىڭىزدىن بىزار بولدۇم، ھاررى، — بازىل خالۋارد گۈللۈككە تۇتىشىدىغان ئىشىككە قاراپ ماڭدى، — سىز ياخشى ئەر، لېكىن سىز بۇ گۈزەل پەزىلىتىڭىزدىن خىجىللىق ھېس قىلىدىكەنسىز. بۇ سىزدىكى نورمالسىزلىق ئىكەن. ئاغزىڭىزدىن ئەخلاق ھەققىدە گەپ چىقمايدۇ، ئەمما ئەخلاقسىز ئىشلارنىمۇ ھەم قىلمايسىز. بۇ قىلىقىڭىز مۇغەمبەرلىكتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

— نورمال بولۇشقا كۈچەشنىڭ ئۆزى مۇغەمبەرلىك قىلغانلىق، مەن مۇغەمبەرلىكتىن بەك بىزار! — دېدى لورد ھېنرى كۈلۈپ تۇرۇپ. ئىككىيلەن ئۆيدىن چىقىپ گۈللۈككە كەلدى ۋە يوغان دارچىن دەرىخى سايە تاشلاپ تۇرغان ئۇزۇن بامبۇك ئورۇندۇقتا ئولتۇردى. قۇياش نۇرى يوپۇرماقلار ئۈستىدە نازغىيتتى، ئاق دەستارگۈلى ئوت ـ چۆپلەر ئارىسىدا يېنىك تەۋرىنەتتى.

ئىككىيلەن خېلىغىچە جىممىدە ئولتۇرۇپ كېتىشتى، لورد ھېنرى قويۇن سائىتىنى چىقاردى.

— مەن ماڭايمىكىن بازىل، — دېدى ئۇ، — مېڭىشتىن ئاۋۋال سوئالىمغا جاۋاب ئېلىۋالاي. بايىقى سوئالىمغا جاۋاب



此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com

بىرنۇۋېتىڭگا، بازىل.

— قايسى سوئالنى دەيسىز؟ — سورىدى بازىل كۆزلىرىنى يەردىن ئۈزمەي.

— بۇنى ئۆزىڭىز ئوبدان بىلىسىز.

— قايسى گەپنى دەيدىغانسىز، هاررى؟

— مەن دورىيان گرېينىڭ رەسىمىنى نېمىشقا كۆرگەزمىگە قاتناشتۇرمايدىغانلىقىڭىزنى بىلىپ باقاي دېگەن. ماڭا بۇنىڭ سەۋەبىنى ئېيتىپ بېرىڭ.

— سەۋەبىنى بايا دەپ بولدۇمغۇ؟

— ياق، دېمىدىڭىز، رەسىمگە ئۆزلۈكۈڭىزنى چوڭقۇر سىڭدۈرۈۋەتكەنلىكىڭىزنىلا دېدىڭىز. بۇ بەكمۇ گۆدەكلەرچە گەپ بولۇپ قالدى.

— هاررى، — دېدى بازىل خالۋارد ئۇنىڭ چىرايىغا تىكىلىپ تۇرۇپ، — يۈكسەك هېسسىيات بىلەن سىزىپ چىقىلغان بىر پارچە رەسىم مودېلنىڭ ئەمەس، بەلكى سەنئەتكار ئۆزىنىڭ رەسىمدۇر. مودېل پەقەت تاسادىپىي سەۋەب. رەسساملىڭ ھەر خىل رەڭلەر بىلەن بويالغان لاتىدا ئەكس ئەتتۇرگەن ئوبرازىنى مودېلنىڭ رەسىمى دېگەندىن، رەسسامنىڭ رەسىمى دېگەن تۈزۈك. بۇ رەسىمنى كۆرگەزمە قىلغۇم يوق، چۈنكى ئۇنىڭغا يوشۇرۇنغان قەلب سىرلىرىمنىڭ ئاشكارىلىنىپ كېتىشىنى خالىمايمەن.

لورد هېنرى قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىپ سورىدى:

— نېمە سىر ئىكەن ئۇ؟

— ئالدىرىماي سۆزلەپ بېرىمەن، — دېدى بازىل ئېسەنگىرىگەندەك.

— تېزرەك دەپ بېرىڭا، بازىل، — دېدى هېنرى بازىلغا قاراپ قويۇپ.

— دېگۈدەك گەپمۇ يوق ئىدى، هاررى، — دېدى بازىل، — دېسەممۇ بەربىر چۈشەنمەيسىز هەم ئىشەنمەيسىز.

لورد ھېنرى كۆلۈمسىرەپ قويدى ـ دە، ئوت ـ چۆپلەر ئارىسىدىن قىزغۇچ ئېچىلغان بىر تۇتام دەستارگۈلنى ئۈزۈپ سىنچىلاپ قارىدى.

— چۈشىنىمەن، — دېدى ئۇ گۈلگە تىكىلىپ قاراپ تۇرۇپ، — ئىشىنىش ـ ئىشەنمەسلىككە كەلسەك، مەن ئىشىنىشكە بولمايدىغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىگە ئىشىنىۋېرىمەن.

بىمەھەل چىققان شامال بىرنەچچە تال گۈل بەرگىنى ئۇچۇرۇپ چۈشتى، سېرىنگۈلنىڭ قويۇق بەرگىلىرى تىنجىق ھاۋادا ئۇياق ـ بۇياققا تەۋرىنەتتى. دېرىزە تۈۋىدىن چېكەتكىنىڭ پەس ئاۋازدا چىرىلدىشى ئاڭلىنىشقا باشلىدى، بىر يىڭناغۇچ قوڭۇر قاناتلىرىنى ئېچىپ پۇررىدە ئۇچۇپ كەتتى. لورد ھېنرى بازىل خالۋاردنىڭ يۈرەك سوقۇشىنى ئاڭلىغاندەك قىلدى، لېكىن ئۇنىڭ زادى نېمە دېمەكچى بولۇۋاتقانلىقىنى بىلەلمىدى.

— بۇ مۇنداق ئىش، — دېدى بازىل تۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن، — ئىككى ئاينىڭ ئالدىدا براندون خانىمنىڭ ئۆيىگە زىياپەتكە باردىم. بىز سەنئەتكارلار كىشىلەرنىڭ ئۆزىمىزنى ياۋايى دەپ قېلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، پات ـ پات سىرتلارغا چىقىپ تۇرمىساق بولمايدۇ. خۇددى سىز دېگەندەك، ھەرقانداق ئادەم ئۈچىسىغا ئېسىل مۇراسىم كىيىمى كىيىپ ئاق گالستۇك باغلىۋالسىلا «مەدەنىي كىشى» دېگەن چىرايلىق نامغا ئېرىشىۋېرىدۇ. زىياپەت زالىدا لاخسىدەك سېمىز، قېنىق گىرىم قىلغان ئاقسۆڭەك خېنىملار ۋە تېتىقسىز ئالىملار بىلەن پاراڭلىشىپ تۇراتتىم. ئالاھازەل ئون مىنۇتتىن كېيىن، بىرەيلەننىڭ ماڭا تىكىلىپ تۇرغانلىقىنى سېزىپ قالدىم. ئۇ دەل مۇشۇ رەسىمدىكى دورىيان گرېي ئىدى. شۇ ئارىدا كۆزلىرىمىز ئۇچرىشىپ قالدى، دەماللىققا كۆز ئالدىم خىرەلىشىپ، ۋۇجۇدۇمغا غەلىتە بىر خىل قورقۇنچ تارقىدى. ئۇ تولىمۇ جەلپكار يىگىت ئىدى. ئەگەر رەت قىلمايدىغانلا بولسام، ئۇنىڭ

ئاشۇ جەلپكارلىقى خاسلىقىمنى، روھىمنى، ھەتتا سەنئەتكارغا خاس ۋۇجۇدۇمنى يۇتۇپ كېتىدىغاندەك قىلاتتى. تۇرمۇشۇمنىڭ ھەرقانداق شەكىلدىكى تاشقى تەسىرگە ئۇچرىشىنى خالىمايتتىم. مېنىڭ مۇستەقىللىق خاراكتېرىمنىڭ كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى سىزمۇ ئوبدان بىلىسىز، ھاررى. ئىلگىرى تولىمۇ ئۆزۈمچىل ئىدىم، قاچان دورىيان گرېينى كۆردۈم، شۇنىڭدىن باشلاپ بۇ مىجەزىم ئۆزگەردى. كېيىن... نېمە دەپ چۈشەندۈرسەم بولار؟ گويا نېمىدۇر بىرنەرسە ماڭا : «قورقۇنچلۇق بىر كرىزىس سېنى كۈتۈپ تۇرىدۇ» دەۋاتقاندەك تۇيۇلدى. شۇئان : «تەقدىرىمگە شاد ـ خۇراملىق، ئازاب ـ ئوقۇبەت پۈتۈلگەن ئوخشايدۇ» دېگەن غەلىتە تۇيغۇدا بولدۇم. قورققىنىمدىن كەينىمگە ئۆرۈلۈپلا زالدىن چىقىپ كەتمەكچى بولۇپ ماڭدىم. بۇنداق قىلىشىم غۇرۇرۇمنىڭ كۈچلۈكلۈكىدىن ئەمەس، ئەكسىچە قورقۇنچاقلىقىمدىن ئىدى. زالدىن قېچىپ چىقىپ كەتمەكچى بولغىنىمدىن تولىمۇ خىجىل بولدۇم.

— غۇرۇر بىلەن قورقۇنچ ئەمەلىيەتتە بىر نەرسە، بازىل. غۇرۇر قورقۇنچاقلىقنىڭ قالقىنى، خالاس.

— نېمە دەيدىغانسىز ھاررى، سىزنى بۇنداق دەيدۇ دەپ پەقەت ئويلىماپتىمەن. نېمىلا بولسۇن، مەيلى نېمە مەقسەت ـ مۇددىئادا چىقىپ كەتمەكچى بولاي — بەلكىم بۇ تەكەببۇرلۇقۇمدىن بولسا كېرەك، ئىلگىرى تولىمۇ تەكەببۇر ئىدىم — ئىشىك ئالدىغا كېلىشىمگە، براندون خانىم بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالدىم. «بۇنچە بالدۇر تىكىۋەتمەيدىغانسىز، خالۋارد ئەپەندى؟» دېدى ئۇ چىرقىراق ئاۋازدا. ئۇنىڭ ئاۋازى تولىمۇ غەلىتە چىقاتتى. بۇنى سىزمۇ بىلىدىغانسىز، ھېنرى؟

— بىلىمەن، ئۇنىڭ ھەممە تەرىپى گويا توزنىڭ ئۆزىلا. ئاۋازى تولىمۇ سەت چىقىدۇ، — لورد ھېنرى شۇنداق دېگىنىچە ئىنچىكە، ئۇزۇن بارماقلىرىدا دەستارگۈلنىڭ بەرگىلىرىنى تىتىپ پارچە ـ پارچە قىلىۋەتتى.

— ئۇ مېنى زادىلا قويۇپ بەرمىدى. مېنى ئۇردا ئاقسۆڭەكلىرى ۋە مەيدىسىگە توشقۇچە ئۇردېن تاقىۋالغان يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلارنىڭ ئالدىغا باشلاپ باردى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا يەنە بېشىغا غايەت يوغان بېزەكلەرنى تاقىۋالغان، قۇش بۇرۇن مومايلارمۇ بار ئىدى. براندون خانىم مېنى ئۇلارغا ئەڭ يېقىن دوستۇم دەپ تونۇشتۇردى، بىز بىر قېتىملا كۆرۈشكەن بولساقمۇ، لېكىن ئۇ ھە دېسىلا مېنى داڭلىق شەخس دەپ ماختايتتى. بىر پارچە رەسىمىم ھەققىدەن چوڭ شان ـ شەرەپلەرگە ئېرىشىپ، بۇ توغرۇلۇق بەزى كىچىك گېزىتلەردە خېلى كۆپ ئوبزورلار يېزىلغان — بۇ، 19 ـ ئەسىردىكى ئۆلمەس سەنئەت ئەسەرلىرىنى ئۆلچەيدىغان ئۆلچەم ئىدى. توساتتىن مېنى چەكسىز ھاياجانغا سالغان ھېلىقى جەلپكار يىگىتنىڭ ئۇدۇلۇمدا تۇرغانلىقىنى سېزىپ قالدىم. ئارىلىقىمىز بەكلا يېقىن ئىدى، بىر ـ بىرىمىزگە تېگىشىپ كەتكىلى تاسلا قالدۇق. كۆزلىرىمىز يەنە ئۇچراشتى. ھودۇقۇپ كەتكەن بولسام كېرەك، براندون خانىمدىن ئۇنى ماڭا تونۇشتۇرۇپ قويۇشىنى ئۆتۈندۈم. شۇ چاغدىكى ھالىتىمنى ھودۇقۇش دەپ كەتكىلىمۇ بولمايتتى، مەندىن باشقا ئادەم بولسىمۇ شۇنداق قىلغان بولاتتى. «باشقىلار تونۇشتۇرمىسىمۇ ئىككىمىزنىڭ ھامىنى پاراڭلىشىدىغانلىقىمىزغا ئىشىنەتتىم» دېدى دورىيان كېيىن ماڭا. ئىككىمىزنىڭ تونۇشۇپ قېلىشىمىزنىڭ پېشانىمىزگە پۈتۈلگەنلىكىنى ئۇمۇ ھېس قىپتىكەن.

— براندون خانىم ئۇ يىگىتنى قانداق تونۇشتۇردى؟ — سورىدى لورد ھېنرى، — ئۇ مېھمانلارنى تېز ـ تېز تونۇشتۇرۇشقا ئامراق ئىدى . ھېلىمۇ ئېسىمدە، بىر قېتىم ئۇ مېنى مەيدىسىگە توشقۇچە ئوردېن تاقىغان، يۈزلىرى پوكاندەك قىزارغان، مىجەزى چۈس بىر مويسىپىتقا تونۇشتۇرۇپ قويماقچى بولدى. مويسىپىتنىڭ يېنىغا كېتىۋاتقان ئارىلىقتا، ئۇ قۇلىقىمغا شىۋىرلاپ مويسىپىتنىڭ بىرمۇنچە يامان گېپىنى

قىلىپ ئۆلگۆردى. ئۇنىڭ بۇ گېپىنى زالدىكىلەر ئاڭلاپ قالدى. شۇئان زالدىن چىقىپ كەتتىم. باشقىلار بىلەن ئۆزۈم ئىختىيارىي تونۇشۇشنى خالايتتىم. براندون خانىم مېھمانلىرىغا خۇددى كىمئارتۇق قىلىپ سېتىش سودىگىرى ماللىرىغا مۇئامىلە قىلغاندەك پوزىتسىيە تۇتىدۇ. مېھمانلار بار يەردە تولا كوتۇلداپ كىشىنى بىزار قىلىدۇ، سىز قىزىقمىدىغان ئىشلارنى زادىلا تىلغا ئالمايدۇ.

— بىچارە براندون خانىمنى بەك ئەيىبلەپ كېتىۋاتىسىز جۇمۇ ھاررى! — دېدى بازىل خالۋارد تولىمۇ روھسىز قىياپەتتە.

— ئۇ سالون ئاچمىغان دەپ جار سېلىپ يۈرگەن، ئاران رېستوران ئاچالىدى. سىز مېنى ئۇنىڭغا ھۆرمەتسىزلىك قىلدىڭ دېمەكچىمۇ؟ ئېيتىڭە، ئۇ دورىيان گرېي توغرۇلۇق نېمە دېدى؟

— «ھەي، تولىمۇ جەلپكار يىگىت - دە، بۇ. ئۇنىڭ بىچارە ئاپىسى بىلەن جانجىگەر دوستلاردىن ئىدۇق. ئۇنىڭ نېمە ئىش قىلىدىغانلىقى ئېسىمدە قالماپتۇ، ھېچ ئىش قىلمايتتىغۇ دەيمەن. ھە توغرا، پىئانىنومۇ، ئىسكىرىپكىمۇ ئىشقىلىپ بىر نەرسىنى چالاتتى» دېگەندەك گەپلەرنى قىلدىغۇ دەيمەن. گرېي ئىككىمىز بۇ گەپتىن ئىختىيارسىز كۈلۈشۈپ كەتتۇق. شۇنداق قىلىپ بىز يېقىن دوستلاردىن بولۇپ قالدۇق.

— دوستلۇق ئۈچۈن كۈلكە ئەڭ ياخشى باشلىنىش ھەم ئەڭ ياخشى ئاخىرلىشىش، — ھېنرى شۇنداق دېگەچ، دەستارگۈلدىن يەنە بىرنى ئۈزدى.

بازىل خالۋارد بېشىنى چايقىدى:

— دوستلۇقنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى چۈشەنمەيدىكەنسىز، ھاررى، — پىچىرلىدى ئۇ، — ھەممىلا ئادەمگە يېقىنچىلىق قىلىدىكەنسىز، بۇ سىزنىڭ ھەممە كىشىگە پەرۋاسىز مۇئامىلە قىلىدىغىنىڭىزنى چۈشەندۈرىدۇ.

— بۇ گېپىڭىز ئادىل بولمىدى! — دېدى لورد ھېنرى ۋە

شىلەپىسىنى كەينىگە ئىتتىرىپ قويۇپ، كۆكتىكى بۇلۇتلارغا نەزىرىنى ئاغدۇردى، توپ - توپ بۇلۇتلار زۇمرەتتەك كۆپكۆك ئاسماندا گويا نۇرلۇق ئاق شايىدەك لەيلەپ يۈرەتتى، — بۇ گېپىڭىز راستتىنلا ئادىل بولمىدى. مەن كىشىلەرگە پەرقلىق مۇئامىلە قىلىمەن. سۇمباتلىق كىشىلەرنى دوست تۇتىمەن، پەزىلەتلىك كىشىلەرنى تونۇش دەپ بىلىمەن، ئەقىللىق كىشىلەرنى دۈشمىنىم دەپ ھېسابلايمەن. دۈشمەنگە مۇئامىلە قىلىشتا ھەرقانچە ئېھتىياتچان بولسىڭىزمۇ ئارتۇقلۇق قىلمايدۇ. دۈشمەنلىرىمنىڭ ئارىسىدا ھاماقەتتىن بىرىمۇ يوق. ئۇلار بەك ئەقىللىق، شۇڭا مېنى ھۆرمەتلەيدۇ. بەك شۆھرەتپەرەسمىكەنمەن؟ مەن شۇنداق قارايمەن.

— مېنىڭچىمۇ شۇنداق ھاررى. گېپىڭىزچە، مەن تونۇشىڭىز قاتارىغا كىرىدىكەنمەن - دە.

— قەدىرلىك بازىل، سىز پەقەت مېنىڭ تونۇشۇملا ئەمەس.

— دوستىڭىزمۇ ئەمەسقۇ دەيمەن. ئەمىسە مېنى قېرىندىشىڭىزدەك كۆرىدىكەنسىز - دە؟

— نېمە؟ قېرىندىشىم دەمسىز؟ مېنىڭ قېرىنداش بىلەن تازا خۇشۇم يوق. ئاكام ھېچ ئۆلمەستە قالدى. ئىنىلىرىممۇ ھە دېسىلا ئۇنىڭ ئۆلۈمىنى تىلەيدۇ.

— ھاررى ! — دېدى بازىل خالۋارد قوشۇمىسىنى تۈرۈپ.

— قەدىرلىكىم، مۇنداقلا دەپ قويدۇم. لېكىن، مەن تۇغقانلىرىمدىن ھەقىقەتەن بىزار. ئەنگلىيىدىكى دېموكراتىك زاتلار ئاتالمىش يۇقىرى تەبىقىدىكىلەرنىڭ يامان ئادەتلىرىگە چىش - تىرنىقىغىچە ئۆچ. مەن بولسام ئۇلارغا ھېسداشلىق قىلىمەن. ئاۋام ھاراقكەشلىك، ھاماقەتلىك، ئۆرپ - ئادەتنى بۇزۇشنى ئۆزلىرىنىڭ ئالاھىدە ئىمتىيازى دەپ قارايدۇ، ئارىمىزدىن بىرىمىز شۇنداق ئىشنى قىلىپ باقايلى قېنى، ئۇلارنىڭ ئالاھىدە ئىمتىيازىغا تاجاۋۇز قىلغان بولىمىز. بىچارە سوسۋارك نىكاھتىن ئاجراشماقچى بولۇپ سوتخانىغا كىرگەندە،



此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com